دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

# فرانسىيەنىڭ غۇرۇرى

# دې گول



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

# فرانسىيىنىڭ غۇرۇرى
# دې گول

ئاپتورى : سى يەن

تەرجىمە قىلغۇچى : ئارمان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

法国的尊严 - 戴高乐：维吾尔文/司砚编著；阿尔曼
译. - 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2000.3 （2009.4 重印）
（世纪人物传记故事丛书·第2集/刘俊峰主编）
ISBN 978-7-228-05586-9

Ⅰ.法... Ⅱ.①司... ②阿... ③戴... Ⅲ. 福... 生平事迹 - 维吾尔语
（中国少数民族语言）Ⅳ.I25

中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第76828号

责任编辑 艾克巴尔·艾力
责任校对 阿孜古丽，米丽古丽
特约校对 外里·在丁
封面设计 祖力喀尔装帧
出版发行 新疆人民出版社
地　　址 乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编 830001
电　　话 0991-2827472
印　　刷 乌鲁木齐八家户彩印有限公司
经　　销 各地新华书店
开　　本 880×1230毫米 32开本
印　　张 4.75
版　　次 2000年3月第1版
印　　次 2009年4月第2次印刷
印　　数 4001 - 7000
总 定 价 80.00 元
单　　价 8.00 元

بۇ كىتاب بېيجىڭ كۇتۇپخانا نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1997 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据北京图书馆出版社1997年1月第1版，1997年1月第1次印刷本翻译出版。

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

## فرانسىيىنىڭ غۇرۇرى — دې گول

ئاپتورى: سى يەن
تەرجىمە قىلغۇچى: ئارمان
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەكبەر ئەلى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزىگۇل كېرەم، مېھرىگۇل مۇھەممەد
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدىن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۇچى: زۇلقەر لايىھەچىلىكى
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
تېلېفون: 0991 ـ 2827472
باسقۇچى: ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلار
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 4.75
نەشرى: 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2009 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 4001 - 7000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 05586 - 9
ئومۇمىي باھاسى: 80.00 يۈەن
يەككە باھاسى: 8.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

دې گول ناپولېئوندىن كېيىن ئۆتكەن فرانسىيە تارىخىدىكى يەنە بىر مۇھىم شەخس.

ئۇ ئۆمرىدە ئاۋۋال ھەربىي بولۇپ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا ۋە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئۇرۇشقا قاتناشقان. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا فرانسىيە ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان جىددىي پەيتتە، ئۇ ئەنگلىيىگە بېرىپ مەشھۇر «18 ـ ئىيۇن» خىتابنامىسىنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق فرانسىيە خەلقىنى قوزغىلىپ داۋاملىق كۈرەش قىلىشقا چاقىرىپ، بارلىق تىز پۈكمەس فرانسىيە خەلقىنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرغان. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە فرانسىيە خەلقى فاشىست گېرمانىيىسىنى ئاخىر قوغلاپ چىقىرىپ، ئازاد يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەن.

ئۇ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىللىق سىياسىي ھاياتىدا نەچچە يىقىلىپ، نەچچە قوپتى، لېكىن ئۆز تەشەببۇسلىرىدا ئىزچىل تۈردە قەيسەرلىك بىلەن چىڭ تۇردى. زۇڭتۇڭ بولغان مەزگىلدە مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان تاشقى سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ئامېرىكىنىڭ زوراۋانلىق سىياسىتىگە قارشى تۇردى. ئۇرۇشتىن كېيىن مۇستەملىكە ئەللەردە مۇستەقىللىق دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندە، دې گول دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئالجىرىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قەتئىي قوللىدى، شۇ ئارقىلىق مۇستەملىكىلەرنى مۇستەملىكىسىزلەندۈرۈش مەسىلىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىنغان، بۇ ئۇنىڭ تارىخ ئېقىمىغا ئەگەشكەنلىكى ئۇلۇغ ھەرىكىتى.

1970 ـ يىلى 9 ـ نويابىردا دې گول ۋاپات بولغان. 11 ـ



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

نويابىردا رەئىس ماۋزېدۇڭ دې گولنىڭ رەپىقىسىگە تەزىيە تېلېگراممىسى يوللاپ، دې گولنى «فاشىستلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش ۋە فرانسىيىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى قوغداشتىكى تىز پۈكمەس جەڭچى» دەپ تەرىپلىگەن. فرانسىيە خەلقىمۇ «گېنېرال دې گول دۇنيادا فرانسىيىنىڭ يۈكسەك ئوبرازىنى تىكلىدى. ئۇ ۋاپات بولۇپ 20 يىلدىن كېيىنمۇ يەنىلا فرانسىيە خەلقىنىڭ قەلبىدە ياشىماقتا. فرانسىيىگە ئوخشاش خىلمۇ خىل پىكىرلىك دۆلەتتە دې گول جامائەتچىلىك تەرىپىدىن فرانسىيىنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ مىللىي قەھرىمانى» دەپ قارايدۇ.

## مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ئۈسمۈرلۈك چاغلار ......................1
ئىككىنچى باب ھەربىيلىكتە ..........................8
ئۈچىنچى باب پىشىپ يېتىلىش ......................18
تۆتىنچى باب فرانسىيىگە كەلگەن ئاپەت ..................28
بەشىنچى باب فرانسىيىنىڭ ئىلتىجاسى ..................36
ئالتىنچى باب فرانسىيە ئۈچۈن جەڭ قىلىش ............47
يەتتىنچى باب داھىيلىق ئورنى ......................58
سەككىزىنچى باب غەلىبە يولى .........................70
توققۇزىنچى باب فرانسىيىنى قايتا گۈللەندۈرۈش .........87
ئونىنچى باب تەركىدۇنيالىق ..........................97
ئون بىرىنچى باب قايتا باش كۆتۈرۈش ...................106
ئون ئىككىنچى باب غەربكە پاتقان قۇياش ...................125
ئون ئۈچىنچى باب مەشھۇر شەخس، ھەربىي، يازغۇچى ....136
دې گول يىلنامىسى ........................146

# بىرىنچى باب ئۆسمۈرلۈك چاغلار

شارل دې گول 1890 ـ يىلى فرانسىيىنىڭ شىمالىدا تۇۋەن قاتلام ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىگە تەۋە ھاللىق شەھەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. بۇ ئۆز ئىشلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان، دۆلەتكە سادىق خىزمەت قىلىدىغان ئەنئەنىگە ئىگە ئائىلە ئىدى. بۇ ئىپسىل پەزىلەت دې گولنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇنىڭ ئەجدادلىرىدىن مومىسى ئەدىب، تاغىسى ئالىم، دې گول جەمەتىنىڭ تارىخىنى ۋاراقلىساق، ئۇلار بۇرۇن فلاندىير، شامپانى ۋە بۇلگانى قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان. 18 ـ ئەسىردە بۇ جەمەتتىن بەزىلەر ئەنگلىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشقا قاتناشقان. 15 ـ ئەسىردە ئۇلاردىن بىرى پارىژ پارلامېنتىنىڭ تەپتىشلىكىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان.

دې گولنىڭ بوۋىسى جۇلىيان فىلىپ دې گول تارىخ تەتقىقاتچىسى بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر يادنامىلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇغان، پارىژ چېركاۋىغا ئائىت ئابىدىلەرنى توپلاپ تەرجىمە قىلىپ رەتلەپ، 1839 ـ يىلى «پارىژ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنىڭ يېڭى تارىخى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا، دې گول جەمەتىنىڭ تەپسىلىي تارىخىنى يازغان بولسىمۇ، ئېلان قىلىنمىغان. 1835 ـ يىلى جۇليان فىلىپ دې گول رېزفىنا ئانىنا مالى مايوئۇ بىلەن توي قىلغان.

رېزفىنا لىل شەھىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنكىركتا بىر تاماكا زاۋۇتى بار ئىدى. لېكىن، بۇ ئايال ــ گېنېرال دې گولنىڭ مومىسى ئەينى چاغلاردا ئەدەبىيات ساھەسىدە تونۇلغان ئايال ئىدى. ئۇ «ئائىلە خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل

مۇھەررىرى ئىدى. ئۇ، بۇ ژۇرنالدا ئىنقىلابىي سوتسىيالىزمچى ژول ۋاللېسنىڭ بىر قىسىم ماقالىلىرىنى دادىل ئېلان قىلغان. سوتسىيالىزمچى پەيلاسوپ پرۇدوننى ماقالە يېزىپ قىزغىن تەرىپلىگەن. ئۇ ھەم ئوت يۈرەك يازغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ داڭلىق ھېكايىسى «ئادېمار دېبىلكاستو» ناملىق رومانى ھازىرغا قەدەر نۇرغۇن كىشىلەرنى جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە شادۇبىرىئوننىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىرلاندىيىنى ئازاد قىلغۇچى ئوكونىېلدىن ئىبارەت ئىككى پارچە بىئوگرافىك ئەسەر ئۇنىڭ نەۋرىسى شارل دې گولنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋىسى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. دې گول كېيىن شادۇبىرىئوننى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ قالدى. ئوكونىېل ھەققىدىكى بىئوگرافىك ئەسەردە شەرھلەنگەن ئاساسىي ئىدىيىسىمۇ دې گولنىڭ پائالىيەتلىرىگە بىر ئۆمۈر ئۈرنەك بولدى.

بۇ ئەر ـ خوتۇن ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. چوڭ ئوغلى شارل تۇغۇلۇشىدىنلا ئاغرىقچان بولسىمۇ، ئۆمۈر بويى كائىتلار مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئىزچىل شۇغۇللاندى. ئۇ ۋلىش تىلى ۋە برېتون تىلىنى ئۆگەندى ھەمدە برېتون تىلىدا بىر قىسىم شېئىرلارنى يېزىپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى باز دې گول بولۇپ، برېتون تىلىدا «خوشخوي شائىر دې گول» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ 19 ـ ئەسىردىكى كائىتلار توغرىسىدا كىتابمۇ يازغانىدى.

ئوتتۇرانچى ئوغۇل ژول فرانسىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى ھاشاراتشۇناس ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە فرانسىيىدىكى 5000 خىلدىن ئارتۇق ھەسەل ھەرىسى ۋە سېرىق ھەرىنى تۈرگە ئايرىپ چىققان. فرانسىيە تەبىئەت مۇزېيىدا ئۇنىڭ سۈرىتى ھازىرغا قەدەر ساقلانماقتا.

1848 ـ يىلى كەنجى ئوغۇل ھېنرى تۇغۇلدى. مانا بۇ دې گولنىڭ دادىسى ئىدى. ئۇ 1876 ـ يىلى نەۋرە سىڭلىسى رانىنا مايئو ــ دېلانوۋا بىلەن يۇرتى لىللدا توي قىلدى. رانىنانىڭ

ئىككى ئاچىسى موناخ بولۇپ، ئۆز ىمۇ دىنغا تەقۋادارلىق بىلەن ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇنىڭ يېقىن ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرى ئىچىدە ئېرلاندىيىلىكمۇ، شوتلاندىيىلىكمۇ بار ئىدى. ھېنرى دې گول بويى ئېگىز، كېلىشكەن ھەم سالاپەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇ ھەربىي كەسىپنى تاللاپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەشنى ئاساس قىلىدىغان پارىژ ھۈنەر ــ سانائەت ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىردى. لېكىن، شۇ چاغدا بىر كېلىشمەسلىك يۈز بەردى. ئۇنىڭ دادىسى تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ، ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئېغىرچىلىقى ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. شۇڭا، ئۇ ئوقۇش پىلانىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. 1870 ــ يىلى ئۇ ئەمدىلا 22 ياشتا ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا فرانسىيە مەغلۇبىيەت گىردابىغا بېرىپ قالغان بولۇپ، ھېنرى دې گول گامبېتتانىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ پىدائىيلار ئالاھىدە ئەترىتىگە قاتناشتى. بۇ ئەترەتتىكى پرۇسسىيىلىكلەر «مەرگەنلەر» دەپ ئاتاشتى. ياش ھېنرى مىلادشى لېيتىنانت بولۇپ بىر ۋوزۋود ئەسكەرنى باشلاپ سېتىنىس ۋە بولشېردىكى جەڭگە قاتناشتى ھەمدە جەڭدە يارىدار بولۇپ ئوردېن ئالدى. كېيىن بۇ ئوردېننى ئوغلى شارل قەدىرلەپ ساقلىدى.

فرانسىيىدە تىنچلىق ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ھېنرى تۇرمۇشىنىڭ قىستىشى بىلەن ئۆز غايىسىدىن ۋاز كېچىپ، ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۆمۈرلۈك كەسىپ قىلىپ تاللىدى.

1890 ــ يىلى شارل دې گول لىل شەھىرىنىڭ مەلىكە كوچىسى يۇقىرى مائۇيودىكى كونا تۇرالغۇسىدا دۇنياغا كەلدى. بۇ ئۆي ئەتراپىكى ھەرخىل ھەشەمەتلىك بىنالاردىن روشەن پەرقلىنەتتى. ئۆينىڭ ئۇدۇل ئىشىكىنىڭ ئۇستىدىكى ئويۇققا ئىلاھە دې راۋىنىڭ ھەيكىلى قويۇلغانىدى. فرانسىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى لاگودروز: دې گول جەمەتىدىكىلەر ئەزەلدىن قانداقتۇر «مۇلۇكدار» بولماستىن، بەلكى ئۇلار ئەدىب، مىسسىئونېر ۋە ئىش بېجىرگۈچى دۆلەت خادىملىرىدۇر،

ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز كۆچىگە تايىنىپ ياشايدىغان زىيالىيلاردۇر، دېگەنىدى. 1962 ـ يىلى گېنېرال دې گولمۇ ئۆز جەمەتى توغرىسىدا توختىلىپ: «مۇلۇكدار؟ مەن ئەزەلدىن مۇلۇكدار بولمىغان. مۇلۇكدار دېگەنلىك، بۇرژۇئازىيە دېگەنلىكتۇر، بۇرژۇئازىيە — بايلىق ئىگىلەش ئېڭى دېمەكتۇر ياكى ئۇ بايلىققا ئېرىشىش تەمەسىدۇر. ئائىلەم ۋە مەن ئىزچىل نامراتلىق دەردىنى تارتىپ كەلدۇق ... مەن ئۆزۈمنى بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسى بىلەن ئالاقەم بار دەپ ئەزەلدىن ھېس قىلغان ئەمەسمەن» دېگەنىدى.

شارل دې گول تۇغۇلغان يىلى دادىسى بۇۋۇمەرىيەم مەكتىپىنىڭ ماتېماتىكا ۋە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. بۇ بىر خرىستىئان پوپ ئاچقان مەكتەپ ئىدى. بىر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ دادىسى مەكتەپ تەپتىشلىكىگە تەيىنلەندى. ئۇ بوش قالغان چاغلىرىدا شارلنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۇرۇشتىكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

شارل دې گول باللىق چاغلىرىدا شائىر روستاننىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا ئامراق ئىدى. ئۇ 10 ياشقا كىرگەن كۈنى دادىسى ئۇنى روستاننىڭ «شۆھرەت» ناملىق تىياتىرىنى كۆرۈشكە ئېلىپ باردى. ئۇ قاتتىق تەسىرلىنىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا ئاپىسىغا: مەنمۇ چوڭ بولغاندا ئەسكەر بولىمەن، دېدى. ئۇ سەل چوڭ بولغاندا روستاننىڭ «سىھانو» ناملىق ئەسىرىنى تولۇق يادلىۋالدى. 20 نەچچە ياشقا كىرگەندە پاگۈينىڭ ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ قالدى. بۇ ۋەتەنپەرۋەر ئەدىبنىڭ ئىدىيىسى شارلنىڭ ھاياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. پاگۈنىڭ كۆپىنچە ئەسەرلىرىدە پاك ئاياللارنىڭ ئېپپەت ـ دىيانىتى ئاساسىي تېما قىلىنغان بولۇپ، فرانسىيە خرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنىڭ سىمۋولى بولۇشى كېرەك، دېگەن غايە ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ئۇ فرانسىيە — ئانا، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بۇرچى ئانا ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، دەپ

قارىغان، دې گول بۇ قاراشقا ئۆمۈر بويى چوقۇندى. شارل ئۈچ ئوغۇل، بىر قىز بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى گېزاۋىي ئىدى. شارل دې گول بالىنىڭ ئىككىنچىسى ئىدى، سىڭلىسىنىڭ ئىسمى مارى ئاننىس ئىدى، ئىككى ئىنىسىدىن بىرىنىڭ ئىسمى ياك، يەنە بىرىنىڭ پىئېر ئىدى. ھېنرى دې گول بۇ جەمەتلىك ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى ئوبدانراق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن دوردون دەرياسىنىڭ بويىدىن بىر يۇرۇش ئۆي سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا «لۇئار دەريا داچىسى» دەپ ئات قويدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى يازلىق دەم ئېلىشنى مۇشۇ جايدا ئۆتكۈزەتتى. دادىسى بالىلىرىغا داچىغا بارغاندا چوقۇم كىتاب ئېلىپ بېرىشنى تاپشۇراتتى. شارل دې گول تۇنجى قېتىم بارغاندا «فرانسىيە تارىخى» دېگەن كىتابنى ئېلىۋالغانىدى.

شارل دې گول ئوغۇل بالا بولغاچقا جەڭ ئويۇنلىرى ئويناشقا ناھايىتى ئامراق ئىدى. شۇ ۋەجدىن دادىسى ئۇنى بىرنەچچە قېتىم ئەدەپلىگەنىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ كىچىك ئىنىسى پىئېر يىغلىغىنىچە ئۆيگە كىرگەندە، ئانىسى ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى، ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ: «شارل مېنى ئۇردى» دېدى. ئاپىسى نېمە ئۈچۈن ئۇرغانلىقىنى سورىغانىدى، پىئېر: «بىز جەڭ ئويۇنى ئوينىغانىدۇق، مەن ئىشپىيون بولدۇم، باش شتابقا ئاخبارات يەتكۈزۈپ بېرىش داۋامىدا تۇتۇلۇپ قالدىم، مەن قورقۇپ كېتىپ قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن»، «قايسى قوماندانىنى دەيسەن»؟ «شارلنى دەۋاتىمەن، ئۇ ماڭا دۈشمەن تۇتۇۋالسا، ئاخباراتنى يۇتۇۋەت دېگەنىدى، لېكىن مەن ئاخباراتنى دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ بېرىپتىمەن».

يەنە بىر قېتىم ئاكىسى گېزاۋىي ھەر قېتىملىق ئويۇندا گېرمانىيە پادىشاھى بولۇۋېرىپ زېرىككەنلىكى ئۈچۈن، فرانسىيە پادىشاھى بولۇشنى تالىشىدۇ، لېكىن شارل قەتئىي ئۇنىماي «ياق، تېگىشمەيمەن، فرانسىيە مېنىڭ !» دەپ ۋارقىرايدۇ.

1900 ـ يىللىرىدا شارل دې گولنى كۆرگەنلا كىشى ئۇنىڭ

كۆزلىرىدىن باتۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان بالا ئىككەنلىكىنى ئېيىتىگە ئالالايدۇ، ئۇنىڭ كونا ساۋاقداشلىرى ئۇنى، ھەمىشە يەردىن ئۈستۈن قارىمايتتى، لېكىن ئۆزىگە بەك ئىشىنەتتى، دېگەن. ئۇ مەكتەپتىكى چېغىدا باشقا ئوغۇل بالىلارغا ئوخشاش، بىنا پەلەمپىيىنىڭ تۇتقۇچىدىن سىيرىلىپ ئويناشقا ئامراق ئىدى. بىر قېتىم ئۇ يىقىلىپ كەتكەندە، دەل شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئوقۇتقۇچى ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزىدۇ ھەمدە: «قورقمىدىڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ: «نېمىشقا قورقىدىكەنمەن؟ مەن ھاياتىمدىن ئايرىلىپ قالمىسام!» دەيدۇ.

شارل دې گول كىچىك چېغىدا ئۆگىنىشكە قىزىقمايتتى. ئۇ 5 ـ يىللىقتا چىققاندا بىر كۈنى ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئاتا ـ ئانىسىغا چوڭ بولغاندا ھەربىي بولۇشقا بەل باغلىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ: «مەن بىر قارارغا كەلدىم، ساينىت كىير ھەربىي مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ ھەربىي بولىمەن» دېدى، دادىسى ئۇنى ئوبدان ئويلاپسەن، دەپ ماختىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەگەر ئوقۇشقا بۇنداق سەل قارىساڭ، ھەربىي مەكتەپكە ھەرگىزمۇ كىرەلمەيسەن، دەپمۇ ئاگاھلاندۇردى.

شارل دې گول 14 ياشقا كىرگەندە دادىسىنىڭ تەربىيىسى ئارقىسىدا ئۆگىنىشكە قاتتىق بېرىلىپ، ئوقۇش نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، سىنىپىنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا نۇرغۇن تارىخىي رومانلارنى ۋە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇپ چىقتى. ئۇ دادىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تارىختىن ئۆتمۈشنى بىلىش بىلەنلا قالماستىن، تارىختىن كەلگۈسىگە نەزەر سېلىشنىمۇ ئۆگەندى. ئۇ ئۇرۇش تارىخى ۋە ئۇرۇش قەھرىمانلىرىنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇشقا بەك قىزىقاتتى. ئالايسىيە ھەربىي لاگىرىدىن سىدان ھەربىي لاگىرىغىچە، كارولىن سۇلالىسىنىڭ مائارىپ قانۇنىدىن مەشھۇر سىياسىي ئەرباب فاررونىڭ مائارىپ قانۇنىغىچە، لونگىۋېل خانىمىنىڭ قورالىنى جازا يۈرۈش قىلغانلىقىدىن گىرتسوگ بېرىل

خېنىمنىڭ قارام ھەرىكىتىگىچە، فرانسىيىنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى تۈز بېجى ئىسلاھاتىدىن ھازىرقى دۆلەت مال - مۈلۈك قانۇنىغىچە بولغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىقتى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدىلا، فىلىپ ئاۋگۇستتىن برانگغىچە بولغان فرانسىيىنىڭ تارىخى بىر پۈتۈن گەۋدە، فرانسىيە مىللىتىمۇ بىر پۈتۈن گەۋدە، «بۆلگۈنچىلەر» چىقمىسىلا، ھەممە ئادەم دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالايدۇ، دەپ قەتئىي ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ فرانسىيىنىڭ ئىزچىللىقىنى داۋاملاشتۇرۇشتىكى قەتئىي پوزىتسىيىسى ئۇنى ھەر خىل تەلىماتلارنى بىرلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇ، چەتكە قېقىش ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغان مىللەتنىڭ ھايات ئۆملۈكىگە خەۋپ يەتكۈزىدۇ، دەپ قارىدى.

شارل دې گولنىڭ بويى ناھايىتى تېز ئۆستى، ئۇ ساۋاقداشلىرىدىن خېلىلا ئېگىز ئىدى. ئۇنىڭ مۇنازىرىگە ئامراقلىقى داھىيغا خاس تۇغما تالانتتىن دېرەك بېرەتتى، ئۇنىڭ گەپلىرىمۇ يۇمۇرلۇق ئىدى. بىر كۈنى ئۇ بويىنىڭ چوڭ ئادەملەرگە ئوخشاش ئېگىزلىكىدىن پايدىلىنىپ سالاپەتلىك ياسانغاندىن كېيىن، ئۆيىگە كېلىپ دەرۋازىنى قېقىپ، مەن «گېنېرال فرېدرىخ»، زىيارەتكە كەلدىم، دېگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى فرانسىيىنىڭ بۇ يېڭىلمەس گېنېرالىغا ئوخشىتىشى ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى ئالدىن كۆرگەندەكلا بىر ئىش.

1907 - يىلى دادىسى دې گولنى ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاش ئۈچۈن فرانسىيە - بېلگىيە چېگراسىنىڭ بېلگىيە تەرىپىدىكى ئانتوۋان دېگەن مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى. بۇ مەكتەپنى فرانسىيىلىك سەرگەردان پوپ ئاچقانىدى. بىر يىلدىن كېيىن دې گول پارىژغا قايتىپ كېلىپ ستانىسلاۋ مەكتىپىگە كىرىپ، سايىنت كىير مەكتىپىگە كىرىش ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلدى. 1908 - يىلى ئاۋغۇستتا ئۇ سايىنت كىير ھەربىي مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ھەربىي ھاياتى باشلاندى.

## ئىككىنچى باب  ھەربىيلىكتە

شارل دې گول ھەربىيلىك ھاياتىنى باشلىغاندا، فرانسىيىدە ئىشچىلار ھەرىكىتى ئەۋج ئېلىپ، مىللەت ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندى. 1909 ـ يىلى، يەنى دې گول ھەربىي مەكتەپكە كىرگەن يىلى فرانسىيىدە 1000 قېتىمدىن ئارتۇق ئىش تاشلاش يۈز بەردى. فرانسىيە جەمئىيىتىدە بۇرۇنقى ئەنئەنە داۋام قىلىۋاتقان بولسىمۇ، بەزى جەھەتلەردە 20 ـ ئەسىرگە يۈزلەنگەندى. شارل دې گول كېيىن «فرانسىيە ۋە ئۇنىڭ ئارمىيىسى» دېگەن كىتابىدا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن: «ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ ئاكتىپلىرى» فۇرىئېر، پرۇتون قاتارلىق فرانسىيە پەيلاسوپلىرىنى تاشلاپ كارل ماركس تۇغى ئاستىغا ئۇيۇشماقتا، دەپ يازغانىدى. شۇ كىتابىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ يەنە ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاب بىلەن باغلانغان بۇرۇنقى ئۇرۇشخۇمارلىقتىن ۋاز كېچىۋاتقىنىغا ئېچىنىپ: «خېلى كۆپ قىسىم كىشىلەر ئىنتېرناتسىئونالغا قاتناشتى. پرولېتارىياتنىڭ دۈشمەنلىرىلا ئۇلارنىڭ دۈشمىنى !» دەپ يازغانىدى.

بەلگىلىمە بويىچە ساينىت كىير ھەربىي مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن بىر يىل ئەسكەر بولۇشى شەرت ئىدى. دې گول بۇ بىر يىلنى ئارراستا تۇرۇشلۇق 33 ـ پىيادە ئەسكەرلەر پولكىنىڭ 9 ـ روتىسىدا ئۆتكۈزدى. ئۇ ھەر كۈنى بىر خىللا ھەربىي مەشىق قىلىدىغان ۋە ياكىيۇ ئاقلاشتەك پارچە ـ پۇرات ئىشلارنى قىلىدىغان بۇنداق مەنىسىز تۇرمۇشنى ياقتۇرمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاللايدىغان بىردىنبىر جاي ــ قەدىمكى ئىبادەتخانا ئىچىدىكى ئارراس شەھەرلىك كۇتۇپخانا بولۇپ، ئۇ يەردە

قەدىرلىنىپ ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇن نادىر كىتابلار بار ئىدى. بەزىلەر ئۇنىڭ روتا كوماندىرى كاپىتان دېتېرىندىن: دې گوللىنى نېمە ئۈچۈن سېرژانتلىققا ئۆستۈرمەيسىلەر؟ دەپ سورىغاندا، كاپىتان: «بۇنداق يىگىتنى مەن قانداقمۇ سېرژانتلىققا ئۆستۈرەلەيمەن، ئۇ مارشال بولسا ئاندىن رازى بولىدۇ!» دېگەنىدى.

ھەربىي بولۇش دې گوللىنىڭ كىچىك چېغىدىن باشلانغان ئىستەك ئىدى، لېكىن ئۇ سايىنت كىير ھەربىي مەكتىپىگە كىرگەندىن كېيىنلا بىلىق سوغا ئېرىشكەندەك قانائەت تاپتى. ئۇ بويىنىڭ ئېگىزلىكى، مىجەز - خۇلقىنىڭ ياخشىلىقى ۋە ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈكلىكى بىلەن سايىنت كىير ھەربىي مەكتىپىدە كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىدى. ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا لەقەم قويۇش ئادەتتىكى ئىش ئىدى. كىشىلەر كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرماي، ئۇنى «ئۇزۇن تۇرا شارل»، «چوڭ خوراز»، «قومۇش»، «ئىككى مېتىر» دەپ چاقىراتتى. دې گول بۇ لەقەملەرگە پەرۋا قىلمايتتى. ئۇنىڭ بويىغا قويۇلغان لەقەملەردىن باشقا، ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى زاڭلىق قىلىدىغان «سىھانو» دېگەن لەقىمىمۇ بار ئىدى. لېكىن، ئۇ روستانىنىڭ ئەسەرلىرىنى ياخشى كۆرگەچكە، خاپا بولۇپ كەتمەيتتى.

ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ مۇلايىم، يۇمۇرلۇق تاشقى قىياپىتى ئاستىدا سوغۇق مۇئامىلىلىك ۋە تەكەببۇرلۇق خاراكتېرىنىڭمۇ بارلىقىنى بايقىدى. ساۋاقداشلار بىلەن پاراڭلاشقاندا، بەس - مۇنازىرە قىلىشقاندا دې گوللىنىڭ گەپلىرى فرانسىيە تارىخىدىن نېرى كەتمەيتتى. ئۇ بۇ ھەقتە سۆزلىگەندە نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلار ۋە يىلنامىلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئاڭلىغۇچىلارنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇ مەشىق دەپتىرىگە ۋىكتور ھيۇگونىڭ: «ئۇسلۇبى ئىخچام، پىكرى ئېنىق، ئىشتا كەسكىن بولۇش» دېگەن سۆزىنى كۆچۈرۈۋالغان ھەمدە ئۇنى ئۆز ئەقىدىسى قىلغانىدى.

1912 ـ يىلى 1 ـ ئۆكتەبىردە، شارل دې گول سىنىپ بويىچە 13 ـ ئورۇندا بولۇشتەك نەتىجە بىلەن مىلادىيشى لىيىتىنانتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. سىنىپنىڭ ئەلاچىسى ئالفونسوس ژۇھان بولۇپ، كېيىن ئۇ فرانسىيىنىڭ مارشالى بولدى.

ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بەلگىلىمە بويىچە خالىغان بىر پولكتا ۋەزىپە ئۆتىسە بولاتتى. دې گول بۇرۇن بىر يىل پراكتىكانت ئەسكەر بولغان 33 ـ پىيادە ئەسكەرلەر پولكىنى تاللاپ يەنە ئارراسقا قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا پىيادە ئەسكەرلەر پولكىنىڭ كوماندىرى پولكوۋنىك فىلىپ پېتائىن ئىدى.

بىر كۈنى پولكوۋنىك پېتائىن سكاپ دەرياسى بويىدا قول ئاستىدىكى ئوفىتسېرلارغا ئوت كۈچىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە سۆزلىدى. ئۇنىڭ قارىشى شۇ چاغدىكى باش شتابتا «ئىلغار» قاراش بولۇپ ھېسابلىناتتى. چۈنكى، شۇ چاغدىكى فرانسىيىدە كۆپىنچە كىشىلەر يەنىلا، نەيزە توپ ـ زەمبىرەكتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ قارايتتى. پولكوۋنىك پېتائىن شاھزادە كوندې ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق مانېۋىرنى تىلغا ئالغاندا، ياش دې گول ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، ئۆزى ئىگىلىگەن بىلىملەرگە ئاساسەن مارشال تىرېننىڭ كوندېنى زەمبىرەك ئارقىلىق مەغلۇپ قىلىپ ئارراسنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كاپىتان پېتائىن ئىختىساس ئىگىلىرىنى قەدىرلەيدىغان كىشى ئىدى. تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرنىڭ قىستۇرغان گېپى ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، ئۇ دې گولنى قولتۇقلاپ باشقا ئوفىتسېرلارنىڭ قېشىدىن چىقىپ، بۇ ياش يىگىت بىلەن كوندې ۋە تىرېننىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشتى. بۇ دې گول بىلەن پېتائىننىڭ تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈشى ئىدى. كېيىن بۇ ئالاقە كۈچىيىپ يۇقىرى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com